- چۈشەنمىگەن مەزمۇنلار بارمۇ؟
- چۈشەنمىگەن مەزمۇن يوق.

يېقىلغان چېلىشقا تويماس، بەدنىيەت خۇيىنى قويماس.

(ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى ئورۇن – بەلگە كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تەشتەك | تەشكىلات | ساقچى |
| تەقدىرنامە | ئۆمەك | مۇخبىر |
| ئۆلكە | تۆشۈك | چۆمۈچ |
| سايمان | شوئار | رەخت |
| دولقۇن | قاتناش | ۋېۋىسكا |



2- تۆۋەندىكىلەرنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەڭ.
مەسىلەن:
سائەت قانچە بولدى؟ (3: 25) ⟵ سائەت ئۈچتىن يىگىرمە بەش مىنۇت ئۆتتى.
سائەت قانچە بولدى؟

| | | |
|---|---|---|
| 10:8 | 12:01 | 3:54 |
| 4:15 | 03:7 | 11:40 |
| 12:16 | 02:6 | 1:3 |
| 22:45 | 5:33 | 9:50 |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① رەنا بۈگەپنى ئاڭلىسا چوقۇم ھوشىدىن كېتىدۇ.

② مېنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان ئادەملەرنى مەن بىر ئۆمۈر ھۆرمەتلەيمەن، ئەمما، مېنى ئۆزىدىن پەس كۆرىدىغان ئادەملەردىن بىر ئۆمۈر نەپرەتلىنىمەن.

③ بىز ھازىرچە ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمايمىز.

④ ئۇ ئەزەلدىن كىشلەرگە تەڭ – باراۋەر مۇئامىلىدە بولىدۇ، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ.

-« سائەت xx دە » شەكلى، مەسىلەن:

بىز سائەت توققۇزدا ئىشقا چۈشىمىز.

ئۇلار سائەت ئۈچتە كېلىدۇ.

- سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « سائەت xx بولدى» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

سائەت ئون بولدى.

- « سائەت x x دىن مىنۇت ئۆتتى» شەكلى، مەسىلەن:

سائەت تۆتتىن بەش مىنۇت ئۆتتى.

- « سائەت x x گە x x مىنۇت\ كەم» شەكلى، مەسىلەن:

سائەت ئون ئىككىگە ئون مىنۇت قالدى.

15مىنۇتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « چارەك» ئىشلىتىلىدۇ. يېرىم سائەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن « يېرىم» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

سائەت بەشتىن چارەك ئۆتتى.

سائەت تۆت يېرىم بولدى.

بىز يېرىم سائەتتىن كېيىن بارىمىز.



**2- ئورۇن – بەلگە كېلىش**

ئورۇن – بەلگە كېلىش جۈملىدە ئىنقلانغۇچىنىڭ ئورنى، ۋاقتى جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلىدۇر. بۇ خىل كېلىش شەكلى ئىسىمغا « - دىكى/- تىكى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىسىملار ئىنقلىغۇچىلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

① تۆمۈر خەلپە دۆڭ كۆرۈكتىكى هارۋىكەشلەر دېڭگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، دوخمۇش – دوخمۇشتا توپلىنىپ، تۆت بۇرجەكلىك يوغان قىزىل تامغا بېسىلغان ئېلانلارنى ئوقۇۋاتقان كىشلەرنى كۆرۈپ قالدى.

② باغدىكى گۈللەردىن ئۈزۈۋالدىم.

③ ئۆيدىكى كۆكۈلسىزلىك تېخى تۈگىمىدى.

④بۇ ئابزاستىكى جۈملىلەر ئانچە قىيىن ئەمەس.

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان يېڭى سۆز-ئىبارىلەر**

## يېڭى سۆز- ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Bilimsel | پەننىي |
| Kimyasal | خىمىيىلىك |
| Dene - | تەجرىبە قىل - |
| Alet | ئەسۋاب |
| Çöp | ئەخلەت |
| Şişe | بوتۇلكا |
| Kutu | قۇتا |
| Şiş-, | تومپاي - |
| As - | ئاس - |
| Taşı - | توشۇ - |
| Yolucu | يولۇچى |
| Sigara iç - | تاماكا چەك - |
| Tren başkanı | پويىز باشلىقى |
| Köşe | بۇلۇڭ |
| Katıl -, eklen - | قوشۇل - |
| Harekete geç - | قوزغال - |
| Beyaz fosfor | ئاق فوسفور |
| Yükle - | قاچىلا - |
| Düş -, çök - | ئۆرۈل - |
| Alev al - | ئوت ئال - |
| Toktat at - | شاپىلاق ئۇر - |
| Sağır | گاس |
| Asit | سۇلغات كىسلاتا |
| Yak - | كۆيدۈر - |
| Kör | قارىغۇ |
| Ampül | ئېلېكتر لامپىسى |
| Maliyet | تەننەرىخ |
| Filaman | لامپۇچكا قىلى |
| Gramofon | پاتېفون |
| ömür | ئۆمۈر |



## گىراماتىكا

### 1- سائەت ئېيتىلىش ئۇسۇلى: